يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۇتۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلدى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئىشەنچنى، ئىرادىنى چىڭىتىپ، دادىللىق بىلەن قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلەر، نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

### بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئامانلىقنى قوغدىدى

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چىڭقى چۈشتىكى ئۈرۈمچىدە تېمپېراتۇرا 36 سېلسىيە گرادۇسقا يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەللەر تېببىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى سۈن شيەنلىنىڭ ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، كېسەللەر رايونىدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا ئون نەچچە سائەت بولغانىدى. «مەن خۇددى ئۆزۈمنى سولىياۋغا ئورىنىپ ساڭناغا چۈشكەندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، پۈتۈن بەدىنىم تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى» دېدى سۈن شيەنلى. ئەمما ئۇ بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلماي، ئىزچىل تۆردە كېسەللەر رايونىدا دوختۇرخانىغا يېڭىدىن كىرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى كۆزىتىۋاتاتتى.

سۈن شيەنلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سەھەردە دوختۇرخانىنىڭ جىددىي تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال كېسەللەر رايونىغا بېرىپ خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. «مەن پارتىيە ئەزاسى بولغانىكەنمەن ئالدى بىلەن مەن بارايمەن، مەن دوختۇر بولغان ئىكەنمەن جەزمەن بارىمەن» دېدى سۈن شيەنلى. يۇقۇملۇق كېسەللەر مەخسۇس كېسەللىك دوختۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئالدىنقى نۆۋەتلىك يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا ئۇ كېسەللەر رايونىدا توپتوغرا 60 كۈن ئىشلىگەنىدى، «بۇ مەزگىلدە مەن ۋە كوللېكتىپىم ئىلگىرىكى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلىدۇق، نۆۋەتتە بىز يەتتە دوختۇر ئىش ئورنىدا تۇرۇپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا قاتنىشىپ، خاسلاشقان قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى بىرگە بىر تۈزۈپ چىقتۇق، ئاغرىقلارنىڭ بالدۇرراق ساقىيىپ ئۆيىگە قايتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز».

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 16دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ گاڭچېڭ تەۋەلىك رايونى پىڭئەن مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى تاڭ جۈەن مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، مەھەللە داۋالاش خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت گۇرۇپپىسىدىكى خىزمەتداشلىرىنى باشلاپ، قارىمىقىدىكى رايوندا ئاممىۋى سورۇنلارنى شۇ كۈنى ئىككىنچى قېتىم دېزىنفېكسىيەلىدى. ناھايىتى تېزلا كۆپچىلىكنىڭ مۇداپىئە كىيىمى ھۆل بولۇپ كەتتى، كۆزلىرىمۇ تەردىن ئېچىشىپ قىزىرىپ كەتتى.

دېزىنفېكسىيەلەش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىيىمنى ئالماشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا تاڭ جۈەن يەنە خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى چېن يۈ بىلەن بىللە قارىمىقىدىكى رايوندا يالغۇز تۇرىدىغان ياشانغانلارنى يوقلىدى ھەم ياشانغانلارغا تۇخۇم، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات قاتارلىق يېمەكلىك ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئاپىرىپ بەردى. تاڭ جۈەن مۇنداق دېدى: «بىر پارتىيە ئەزاسى مۇشۇنداق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، پۇقرالار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچىنى يەردە قويماسلىقى كېرەك».

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى لۈيۈەن كوچىسى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شۇاڭخې مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى سى يۈفېڭ دېزىنفېكسىيەلەش پۈركۈگۈچىنى كۆتۈرۈپ، ئاھالىلەر بىناسىنىڭ پەلەمپەيلىرىنى دېزىنفېكسىيەلەۋاتاتتى. «بۈگۈن بەكرەك ئىسسىق بولدى.» سى يۈفېڭنىڭ يۈزىدىكى تەرنى سۈرتكەچ ئېيتىشىچە، ئۇ مەسئۇل بولغان ئۈچ بىنانىڭ ھەممىسى كۆپ قەۋەتلىك بولۇپ، ئۇن نەچچە دەنيۇەن بار ئىكەن، بىر قېتىم دېزىنفېكسىيەلەپ بولغۇچە، پۇتلىرى تېلىپ ئاغرىپ كېتىدىكەن.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كەچتە، شۇاڭخې مەھەللىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ۋېيشىن توپىدا پىدائىي قوبۇل قىلىش ئۇچۇرىنى ئېلان قىلدى. سى يۈفېڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي، شۇنداقلا 22 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، ئۇ ئۇچۇرنى كۆرگەندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەي تىزىملاتتى. «كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاچقۇچلۇق پەيتتە قىلچە ئىككىلەنمەي ئوتتۇرىغا چىقىشىم كېرەك» دېدى سى يۈفېڭ.

### پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى

«بۇ يەردە ھەممە نورمال.» 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 13تە، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا، دۆلەت ئېلېكتر تورى ئۈرۈمچى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى خۇڭگۇاڭشەن توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى شۇ تاۋ ۋە خىزمەتداشلىرى ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ ئېلىپ، ئون كىلوۋولتلۇق خېچىسى لىنىيەسىگە قارىتا كۆزىتىش، تېمپېراتۇرا ئۆلچەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتاتتى. سائەت 16 ئەتراپىدا، شۇ تاۋ ۋە خىزمەتداشلىرى بەش لىنىيەنى چارلاپ تەكشۈرۈپ بولدى، بۇ بىرقانچە لىنىيە ئۈرۈمچى شەھىرى چىداۋاندىن باداۋانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايوننىڭ توك بىلەن تەمىنلەش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلاتتى.

بۇ ئىككى كۈندە، شۇ تاۋ 12 خىزمەتدىشى بىلەن بىللە توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، تاماقنىمۇ شۇ يەردە يەپ، 24 سائەت دېجۇرنىلىق قىلىپ، قارىمىقىدىكى رايوندىكى 80 مىڭ توك ئىشلەتكۈچىنىڭ بىخەتەر توك ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. «بىز قارىمىقىمىزدىكى رايوندا بارلىق لىنىيەلەرنى چارلاپ تەكشۈرۈش قېتىم سانىنى كۆپەيتتۇق، يەنە تۆت پارتىيە ئەزاسىدىن تەشكىللەنگەن پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، قارىمىقىمىزدىكى رايوندا توك سېتىۋېلىشى قولايسىز بولغان بىر قىسىم ئاھالىلەرنى ئىشىك ئالدىدا توك سېتىۋېلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئاھالىلەرنىڭ بىخەتەر توك ئىشلىتىشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى شۇ تاۋ.

34 ياشلىق مىڭ چېڭشى پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپى بولۇپ، شىنجاڭ لىنچېڭ كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە توپ سېتىش بازىرىدا كۆكتاتنى توپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «بۇ ئىككى كۈندە سەھەر سائەت 6 ـ 7لەردىلا كۆكتات سېتىشقا باشلىدۇق.» مىڭ چېڭشىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قىسىم شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدە كۆكتات قىس بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئاھالىلەرگە كۆكتات ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 8دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتىنىڭ يىڭشەھەر رايونلۇق پوچتا يوللانمىلىرىنى ئايرىپ يەتكۈزۈش مەركىزى يېڭىبىن يولى تىجارەت بۆلۈمى توشۇش خادىملىرىنى كۆكتات توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈش، دېزىنفېكسىيەلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. سائەت 10دا، ئاپتوموبىللار دەل ۋاقتىدا يولغا چىقىپ، شىنجاڭ زىجىڭ چۈەنسو گاۋشىن يېزا ئىگىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ كۆكتات بازىرىغا مال ئالغىلى ماڭدى.

جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش دىرېكتور دەي خۇڭتاۋ مۇنداق دېدى: شىركىتىمىز پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەڭ قاتتىق بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئىستېمالچىلار تاپشۇرۇۋالغان پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، بىر شەھەردە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش كەسپىنىمۇ يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ۋە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

### باشلامچى بولۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەردىلا، ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتىدىن يەكەن ناھىيەسىنىڭ بەشكەنت بازىرى ساڭبازار كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى ۋاڭ ۋېيجياڭ كەنتتىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخىغا بېرىپ، كەنتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ ۋېيجياڭ مۇنداق دېدى: كەنتتىكى نامراتلارنى يۆلەش سېخى كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان، ھەر ئايدا 20 مىڭدىن ئارتۇق زاكاز قوبۇل قىلىدۇ، جەمئىي 330 ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات ئائىلىلەردىكى 110 ئادەم بار. «بۇ يىل پۈتۈن كەنت قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتەلەيدۇ.» ۋاڭ ۋېيجياڭ مۇنداق دېدى: «پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىرىنچى سەپتىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولۇمنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيمەن».

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەر سائەت 3تە، سانجى شەھىرىگە جايلاشقان شىنجاڭ چىفېڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئېچىلدى. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى لىق قاچىلانغان يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ بازاردىكى بەش سودا رايونىغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك يەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خې جيېگاڭنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

چىفېڭ يېزا ئىگىلىك سودا بازىرى ھەر كۈنى 1000 تونىنا يېقىن تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى زاپاس ساقلاشقا ئېھتىياجلىق. سېجىل مۇقىم تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خې جيېگاڭ بىلەن ئىدارىدىكى 30 كادىر چىفېڭ يېزا ئىگىلىك سودا بازىرىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، بازار تىجارەت سۇبيېكتى ئورۇنلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى توپ سېتىش سودىگەرلىرى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرى ۋە كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى بىلەن ماسلىشىپ، ئۇدۇللىشىپ، مال مەنبەسى ۋە ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتىنى ياخشى تەشكىللەشكە پائال ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دائىرە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ بازاردىكى سودىگەرلەرنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، بازار تەمىناتىنىڭ تولۇق، تىجارەتنىڭ تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، قاراماي جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى يىلۇڭ ئالىي دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، سىلىقلاش مېيىنى ئوراش ـ قاچىلاش مەھسۇلاتلىرىغا ئايرىپ قاچىلاش، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سىلىقلاش مېيى مەھسۇلاتلىرى، سىلىقلاش يېغى يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ئۈزلۈكسىز ئىشلەۋاتاتتى، ئىشچىلار ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئالدىراش ئىدى.

«نۆۋەتتە، شىركىتىمىز پارتىيە ئەزالىرىنى ئاۋانگارت قىلىپ، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىدا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1500 تونىنا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنە كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كاپالەتلەندۈردى.» ئومۇمىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىشنى يۈرۈشتۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركىتىمىز تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يەنە «ئېتىز پەرۋىشكارى» شەكلىدىكى ماي ئىشلىتىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئورمىنىڭ ۋاقتىدا، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**(مۇخبىر جاڭ يۈنمېي، قاتناشقان مۇخبىرلار چاۋ جىن، فۇ شياڭلۇڭ، لياڭ لىخۇا، چېن چياڭۋېي، يې شيامىن، لۇ فېڭباۋ، خەن چىنيەن، گې يۈۋجۈن، خې خۇڭۋېي، ئىختىيارىي مۇخبىرلار خې لىڭ، شى جىخۇي، يىن شۆجۈەن يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالتاي ۋىلايىتى مول شامال ئېنېرگىيەسى ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسى بايلىقىغا ئىگە، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلەشتە پاكىز ئېنېرگىيەنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 94%كە يېتىدۇ.

دۆلەت ئېلېكتر تورى ئالتاي توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتقا كۆرسىتىلىشىچە، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئالتاي ۋىلايىتىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 867 مىڭ كىلوۋات بولغان. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە، ئالتاي ئېلېكتر تورىنىڭ گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 3 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 مىليون 410 مىڭ كىلوۋات، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1 مىليون 240 مىڭ كىلوۋات، نۇر ئېنېرگىيەسىنىڭ 200 مىڭ كىلوۋات بولغان. ئېچىش سەۋىيەسى ۋە يەتكۈزۈش ئىقتىدارى چەكلىمىگە ئۇچرىغاچقا، ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئېشىنچا مىقدارى 2 مىليون 500 مىڭ كىلوۋاتقا يەتكەن بولۇپ، شۇ جاينىڭ تەبىئىي بايلىقنى «ھەقىقىي بايلىق»قا ئايلاندۇرغىلى بولمىغان.

2018 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى 1 مىليارد 670 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئالتاي ـــ شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، بۇ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى سىرتقا چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردۇ.

ئالتاي ـ شىمالىي جۇڭغار 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى قۇرۇلۇشى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالتاي ئېلېكتر تورىنىڭ سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 2 مىليون كىلوۋاتقا يەتكۈزۈلۈپ، شۇ جاينىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچراش ۋە شامال كۈچىنى زايە قىلىۋېتىش مەسىلىسى تەلتۆكۈس ھەل قىلىنىدۇ.

2010 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر تورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلىغان بولۇپ، ئون يىلدا 750 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدىن 22نى قۇردى، توك يەتكۈزۈش لىنىيەسى 53كە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7416 كىلومېتىرغا يېتىپ، «ئىچكى قىسىمدا تەمىنلەيدىغان تۆت ئايلانما تور، سىرتقا يەتكۈزىدىغان تۆت يول»دىن ئىبارەت ئېلېكتر تورى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇمىي بۇغداي ھوسۇلى 1 مىليون 423 مىڭ 400 تونىنىغا يېتىپ، بۇلتۇرقىغا سېلىشتۇرغاندا 123 مىڭ تونىنا ئاشتى. ھازىرغىچە، 424 مىڭ 400 تونىنا يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىندى.» 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ باش ئاگرونومى لى گۇاڭ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: قەشقەر ۋىلايىتىدە 11 «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» يېتەكچىلىك مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى ۋە توققۇز ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپىلار ئېتىز باشلىرىغا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مۇلازىمىتى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

ھازىر، بۈرۈلتوقاي ناھىيەسىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ يەم ـ خەشەك توپلاپ، چارۋا ماللارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشى ئۈچۈن «ئوزۇقلۇق ئاشلىق» تەييارلاۋاتىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سەھەردە، بۈرۈلتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكئاغاش يېزىسى كۆك يورغا كەنتىدىكى چارۋىچى ئاسانگۈل تۆربىخاننىڭ بېدىلىكىدە، پارتىيەلىك پىدائىيلار پۈتۈن كۈچى بىلەن بېدە ئورۇۋاتاتتى. ئاسانگۈلنىڭ ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇپ، بېدە ئورۇشتا قىيىنلىپ قالغاچقا، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى، كەنت كادىرلىرى ۋە پارتىيەلىك پىدائىيلار بىرلىكتە ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ياردەم قىلدى. بۈرۈلتوقاي ناھىيەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى دېھقان ـ چارۋىچىلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلەش بىلەن بىللە، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى ئېتىز باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلىدىكى» مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇشقا پائال تەشكىللەپ، سىياسەت يەتكۈزۈپ، تېخنىكا يەتكۈزۈپ، مۇلازىمەت يەتكۈزۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇشىغا ياردەم بەردى.

### ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، 4 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۇيتۇن شەھىرىنىڭ نۇقتىلىق سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرى ـــ يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا، ئىشچىلار ئۆزىنى ياخشى قوغداش بىلەن بىللە، جىددىي قۇرۇلۇش قىلىۋاتاتتى. بۇ تۈرنىڭ 1 ـ قارارى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر يىلى 1000 يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل، ئومۇمىي سىغىمى 50 مىليون ئامپېر سائەتلىك لىتىي تىتانات دىنامىكىلىق باتارېيە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، يېڭىدىن 700 ئىش ئورنى كۆپەيتىلىدۇ. كۇيتۇن شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى سۈن ئەن مۇنداق دېدى: «بۇ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى تەرەپ قۇرۇلۇش سۈرئىتى لايىھەسىگە ئاساسەن قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈرىگە تىزىپ، ۋەزىپىنى قەرەلىدە تاماملاشقا تىرىشىدۇ».

لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل بازىرى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ پۇلەيستې خۇرۇم بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ھەرقايسى ئىش تەرتىپلىرىدىكى مەشغۇلات ھالقىلىرىدا، ئىشچىلار بىرتۇتاش خىزمەت كىيىمى كىيىپ، ماسكا تاقاپ، ماتېرىيال تەييارلاۋاتاتتى، جىيەك تۇتۇۋاتاتتى، ئىچكى خالتا تىكىۋاتاتتى، چۆرىسىنى تىكىۋاتاتتى، تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ ئوراپ قاچىلاۋاتاتتى... نەق مەيدان ئالدىراش ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسىگە تولغانىدى. نۆۋەتتە، لوپ ناھىيەسى سانائەت باغچىسىدىكى ھەرقايسى كارخانىلار، توققۇز يېزا ـ بازاردىكى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسى، كەنت قۇرغان 80 زاۋۇتنىڭ ھەممىسى نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشقا ئاشۇردى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، مۇخبىرلار پەيزاۋات ناھىيەسى قەشقەر شىنيۈ نان شەھەرچىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە قاتار ـ قاتار توكلۇق تونۇرلاردا نان يېقىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نۆۋەتتە بۇ شىركەتتە 410 تونۇر بار، 1200 ناۋاي ئۈچ ئىسمېنىغا بۆلۈنۈپ ئىشلەيدۇ، ھەر كۈنى ھەر خىل ناندىن 20 مىڭدىن ئارتۇقنى ياقىدۇ. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ما جۈن مۇنداق دېدى: «نانلىرىمىز پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش، توردا سېتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا سېتىلىدۇ».

### ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى تولۇق بولدى

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇخبىرلار سانجى شەھىرى خۇيجيا شىدەي دۇڭفاڭ مەيدانى دۇكىنىدا ماللارنىڭ جازىلارغا لىق تىزىلغانلىقىنى كۆردى، تاۋارلارنىڭ تۈرلىرى مول بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. مېۋە ـ كۆكتاتلارنىڭ تۈرى مول، باھاسى تەكشى، مۇقىم ئىدى. شىنجاڭ چىفېڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى پېي لياڭ مۇنداق دېدى: «7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سائەت 3تىن 16گىچىلا، بۇ بازاردا 540 توننىدىن ئارتۇق كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە سېتىلىپ، سېتىلىش مىقدارى ئادەتتىكى ۋاقىتتىكى بىلەن تەڭلەشتى».

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار تېز بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشنى كۆپەيتىپ، يېمەكلىك، كۆكتات قاتارلىق لازىمەتلىكلەر «يېشىل يولى»نى ماسلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

بۇ بىرنەچچە كۈندە، شايار ناھىيەسى قايلور بازىرى قايلور كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى راخمان ئەستۇللا ئۆز ئائىلىسىنىڭ 150 مو كېۋەزلىكىگە دورا پۈركۈش، كېۋەز ئۇچىنى ئۈزۈش، 28 مو ياڭاقلىقنى تولۇقلاپ ئوغۇتلاش، سۇغىرىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. «بىز قانداق ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئەشيالىرىغا ئېھتىياجلىق بولساق، ئىشىك ئالدىدىكى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى دۇكىنىدىنلا سېتىۋالالايمىز؛ قانداق تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىگە يولۇقساق، كادىرلار ۋە تېخنىك خادىملار ئىشىك ئالدىمىزغىچە كېلىپ ھەل قىلىپ بېرىدۇ» دېدى راخمان. شايار كېۋەز تېرىيدىغان چوڭ ناھىيە، ھەرقايسى خىمىيەۋى ئوغۇت، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىش دۇكىنى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت ئەترىتى قاتارلىقلار تور ۋە تور سىرتى ئارقىلىق تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا توشۇش يوللىرىنىڭ راۋانلىقى ساقلاندى، تۈرلۈك ئۇنلار بېيجىڭ، شاڭخەي، سەنشى قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، لىققىدە گۇچۇڭ ئۇنى قاچىلانغان بىرنەچچە يۈك ئاپتوموبىلى گۇچۇڭ ناھىيەسى ئەيكاڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ مال ئىسكىلاتىدىن يولغا چىقىپ، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ تەييۈەن شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، مۆلچەرلىنىشچە، ئۈچ كۈندىن كېيىن، بۇ تۈركۈم ئەلا سۈپەتلىك ئۇن تەييۈەن شەھىرىدىكى ھەرقايسى چوڭ سودا سارايلىرى، تاللا بازارلىرىدىكى مال جازىسى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تاماق ئۈستىلىدە پەيدا بولىدۇ. گۇچۇڭ ناھىيەسى ئەيكاڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاۋ لىپىڭ مۇنداق دېدى: «بۇ، بىز بۇ يىل توردا زاكاز تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەۋەتكەن 3 ـ تۈركۈمدىكى ئۇن».

**(مۇخبىر شيا چىڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يۈۋجۈن، جاڭ جىلى، جاڭ تىڭ، خەن چىنيەن، سۇڭ ۋېيگو، سۇڭ ياۋېن، جەزىرە نېسىپبېك، ئىختىيارىي مۇخبىرلار لۇ چيۈشيەن، ياڭ ۋېنجاۋ، ۋاڭ ۋېي، رېن دۇڭشېڭ، بەي يۈنفېڭ، ما شاڭشۇ)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق كېسەل پەيدا قىلىش قانۇنىيىتى مۇرەككەپ، يوشۇرۇنۇشچانلىقى كۈچلۈك. ئۆلۈك بولۇق، قاراڭغۇ رايون بولسىلا، ئۇ ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولىدۇ؛ قايسى ھالقىنىڭ ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلمايدىكەن، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تارقىلىپ كېڭىيىدۇ. ئىنتايىن ھىيلىگەر بولغان بۇ «ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى»گە قارىتا، ھەر خىل قىيىنچىلىقلار ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى تېخىمۇ ئېغىرراق مۆلچەرلەپ، يوچۇق، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ بالدۇرراق بايقاپ، ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ تولۇق تەييارلىغاندىلا، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىپ كېڭىيىشى، يامرىشىنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ.

تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشتىن پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقىچە، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىچكى جەھەتتە تارقىلىپ كېڭىيىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن قەتئىي بوشاشماي سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقىچە، تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش، تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، كودنى تەكشۈرۈش، تىزىملاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەشتىن ئاممىۋى پائالىيەت مەيدان ـ سورۇنلىرىنى دېزىنفېكسىيەلەش، تازىلاشقىچە... ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى ھالقىلار ھەرقايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغاندىلا، ئاندىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ پۇختا پولات ئىستىھكامىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، ۋىرۇس بىلەن ئېلىشىشتا، مەسئۇلىيەت مۇھىم، زور بولۇپ، سەۋەنلىك سادىر قىلىشقا بولمايدۇ. بىز ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، يەنىمۇ قاتتىق، يەنىمۇ ئىنچىكە، يەنىمۇ پۇختا بولۇپ، ۋىرۇسقا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەي، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلالايلى.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**